# تۇمانلىق قەلب

(ھكايە)

## ئەزىز ئۆمەر يانغىن

مەنبە:http://blog.ilqut.com

ئىشلىگۈچى :ئۇيغۇر يانفۇن تورى

تېخىمۇ كۆپ ئېلكتاب چۈشۈرۈش

http://www.uyphone.org

## (1-قىسىم)

**ئەي ،گۈزەل ياشلىق ! ئۇ ھايات ۋە مۇھەببەتنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ،لىرىك پوئېزىيىسى ، ئۇنىڭ قۇياش نۇرىدەك يالقۇنلۇق مىسرالىرى يۈرەكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا تاۋلىنىپ ، سۆيگۈ ۋىسالىنىڭ كۈي نەزمىسىدە ئۆزىنىڭ چەكسىز ئۇلۇغ ھاياتى ۋە كۈچىنى نامايەن قىلىدۇ !**

مەن ياشلىق بوسۇغىسىغا ئەمدىلا قەدەم بېسىشىمغا ،گۈزەل ياشلىقنىڭ رەڭمۇ-رەڭ نۇر جۇلالىرى ئەقىل كۆزۈمنى قاماشتۇرۇپ ، مىنى ئاجايىپ بىر دۇنياغا باشلاپ كىردى .

مۇھەببەت -ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ نازۇك ، ئەڭ شېرىن ھىسسىياتتۇر.ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىنى

ھېچقانداق بىر كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ.
مۇھەببەت شېرىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئىنتىلىمىز،خۇددى پەرۋانە نۇرغا ئىنتىلگەندەك ......
مۇھەببەت نازۇك،شۇنىڭ ئۈچۈن قەلبىمىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا كىشى بىلمەس سىرلاردەك يوشۇرۇپ

ساقلايمىز.نىگاردەك، ئوتتەك
كۆيسەكمۇ تىلمىزدىن چىقىرالماي
يىراقلاردىن قىيا باقىمىز.مانا بۇ
ۋۇجۇدىمىزنى شىرىن لەرزىگە سا
لىدىغان مۇھەببەت...
ئۇنىڭ ئىسمى نەبى ئىدى ، پاراللىل
ئوقۇيتتۇق . ئۇ ئىنتايىن شوخ ھەم
تىرىشچان ئوقۇغۇچى ئىدى .
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ

رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى .
مەن ئۇنىڭغا يۇشۇرۇن ئاشىق بولۇپ
، ھجران يامغۇرىدا چەكسىز ئۇپۇققا
مەيۇس تىكىلگەن مىنۇتلىرىمدا ،
نەبى مىنىڭ سۆيگۈمدىن بىخەۋەر
بۇرۇنقى ئۇيۇننى ئويناپ ،
كۈلكىسىنى كۈلۈپ ...كىتىپ
باراتتى . قوشنا سىنىپتا ئۆزى ئۇچۇن
كۆل بولۇپ كۆيىۋاتقان بىرقىزنىڭ

بارلىقنى ئۇخلاپمۇ چۈشگە
كىرگۈزمەيتتى .
ئالىي مەكتەپكە چاقىرىق كەلگەن
كۈنى ...
ئاھ ! ئۇ كۈننى مەن مەڭگۈ
ئۇنتالمايمەن ، شۇۋاقىتتا
خۇشاللىقىمدىن يۈرەكلىرىم ييىرىلىپ
كەتەيلا دەپ قالغانىدى . نەبى
بىلەن ئىككىمىزگە بىر مەكتەپتىن

چاقىرىق كەلگەن ، ئۇ ماتىماتىكا
فاكۇلتىدا ، مەن ئەدەبىيات
فاكۇلتىدا ئىدىم . بىز بارا ـ بارا
تونۇشۇپ ياخشى ئۆتۈشكە
باشلىدۇق . ئۇ مىنى بەك ھۆرمەت
قىلاتتى ، بۇنىڭدىن مەن
ئالىلقاندىاق بىر يېقىملىق تۇيغۇنىڭ
ئۇنىڭ قەلبىدىمۇ ئوت بولۇپ
يېنىۋاتقانلىقىدىن گۇمانلانمايتتىم .

شەنبە كۆنلىرى ئۆنىڭ بىلەن تانسا
، كىنوخانىلارغا كىرىپ قالسام ،
ئۆزەمنى ئۆنىڭ سۆيگۆنىدەك ،
ئۆنىڭ بىلەن
مۇھەببەتلىشىۋاتقاندەك ھىس قىلىپ
، كۆچلۆك ھاياجانغا چۆمەتتىم .
پەقەت قىزلىق غۇرۇرۇملا <<سىنى
سۆيىمەن >>دىگەن تۆزلۆشى
ئاددىي ، ئەمما ئەڭ ئۇتلۇق بولغان

**ھسسىياتنى لەۋلىرىمدىن ئىبارەت بۇ**
**مۇستەھكەم قورغانىنىڭ سىرتىغا**
**مەڭگۈ چىقارمايدىغاندەك قىلاتتى .**
**بولمىسا بىر قانچە قېتىم كىنو ،**
**تانسىلاردىن بىرگە قايتىپ**
**كېتىۋېتىپ ، يۇرۇگۇمنى**
**ئېچىۋېتىشكە تاسلا قالغان ئىدىم .**
**بۇنداق چاغلاردا يېنىمدا قىزىق**
**پاراڭلىرى بىلەن ئېرەنسىز كېتىپ**

بارغان نەبگە قاراپ ، ئاچچىق كۆز ياشلىرىمنى پىغان بىلەن يۇتتۇەتكەن ئاشۇ دەقىقىلەر قانچىلىك ئازابلىق تۇيغۇلار بىلەن تولغان ـ ھە!

ئىككىنچى ئوقۇش مەۋسۇمىدا نەبى منى بۇرۇنقىدەك كۆپ ئىزدەپ كەلمەيدىغان ، كەلسىمۇ كىنوغا ، تانسىلارغا تەكلىپ قىلماي ، ئازراق

ۋاقىت بىللە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپلا قايتىپ كەتكەندەك بولدى ، يۇرۇگۇم نىمىندۇر تەشۋىشلىنىپ ، گۇمانىي تۇيغۇلار نىرۋامنى تىنىچسىزلاندۇراتتى .
شەنبە ، بىر ھەپتىلىك ھارغىنلىقتىن كېيىنكى بوش ۋاقىت ، گۈگۈم پەردىسى يېيىلدى ، قىزلار ئاللىقاچان تانسا ياكى كىنولارغا

كتتشكەندى . ياتاقتا يەنە يالغۇز قالدىم ، خيالىمدا بولسا يەنە شۇ نەبى .
ئازابلىق خياللار ئىلكىدە باراقسان قار ياغاچلىقنى ئىچكىرلەپ كىرىپ كىتتۇرىپتىمەن . دەرەخلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇندۇقلاردا جۇپ - جۇپ گەۋدىلەر . مەن ئىچكىررەك پىنھان بىر جايغا كىلىپ خياللارغا

بەند بۇلۇپ ئولتۇردۇم . بۇلۇتلار
قويندىن ئۆزۈپ چىققان ئاي
سۈتتەك نۇرلىرىنى ئورمانلىققا
چاچاتتى . ئۆزەممۇ بىلمەي
ئەتراپىمغا نەزەر سالدىم ، سەل
نېرىدا بىر جۈپ قىز ـ يىگىت
ئولتۇرىدۇ ، ئۇلار بىر گەۋدىگە
ئايلىنىپ كەتكەن . ئاي نۇرىنىڭ
يورۇتىشى بىلەن ،قىز ئىتتىك بېشىنى

كۆتۈرۈپ ئايغا باقتى ۋە يىگىتنى
يېنىككىنە ئىتتىرىپ ، ئاينى
شەرەتلەپ ئاغزىنى ئىتىپ كۈلدى ،
قىزغا قاراپ شۈنداق مەستلىكىم
كەلدى ، گويا يېنىمدا نەبى
ئولتۇرغاندەك تاتلىق ھىسلارغا
چۈمۈلدۈم ،ھەم ئۈلارغا چىن
كۆڭلۈمدىن بەخت تىلەپ ،يىراقلارغا
بېرىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئورنىمدىن

قوزغالدىم . دەل شۇچاغدا يىگىتنىڭ

تۇنۇش ئاۋازى ، مېنى ئورنۇمدا

قېقىپ قويغان قوزۇقتەك تۇرغۇزۇپ

قويدى .

- ئاي كۆرۈپ قالسا بىزگە بەخت

تىلەيدۇ .

ئاھ ! بۇ نەبىنىڭ ئاۋازى ئىدى ،

يۈرەكنى شېرىن تۈيغۇغا

چۆمدۈرىدىغان مۇزىكىدەك

يىقىملىق ، تاتلىق ئاۋازى !
نەبى قىنكنه ؟! ئۇ ھازىرلا گەپ
قىلغان ئىدىغۇ؟ ياكى مىنىڭ خىيالى
تۇيغۇلىرىم مىنى ئالداۋاتامدۇ يا ؟!
دەل شۇ چاغدا قىزنىڭ ئاۋازى
ئاڭلاندى :
- ئاي كۆرسە يامان بۇلىدۇ .
- ياق جىنىم ، ئاي كۆرسە سىزدىن
خىجىل بۇلىدۇ . سىز ئايدىنمۇ گۆزەل

، قاراڭ ! ئاي سىزنىڭ چېھرىڭىزگە
ھەسەت قىلىپ يەنە مۇكچۈلدى .
بۇ ئاۋاز ! ... قۇلاقلىرىمغا
ئىشەنمەيلا قالدىم . نىمىسىنى
ئېيتاي ، بۇ مەن چىن قەلبىمدىن
سۆيگەن ، كىچىلەردە ئۇيقۇسىز
يېتىپ ۋىسالىغا ئىنتىلگەن ، مىنى
مەۋجۇتلىغىمدىن ئايرىپ ،ئىشق
ئوتىدا كۆل قىلىپ ،ھىجران دەشتىدە

زار يىغلاتقان ئاشقىمنىڭ ئاۋازى
ئىدى . ئاھ ، خۇدا !
زىمىن تىترىمەكتە ، يۇرۇگۇم
شىخدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان
كۆز يۇپۇرمىقدەك ئاجىز
پۇلاڭلىماقتا .
- بۇ گەپلەرنى سىز ئۇچۇن مەجنۇن
بولۇپ يۇرگەن يۇرتلىقىڭىز نىگارغىمۇ
نەچچە قېتىم دىگەنسىز ؟

ـ هەي ...سزمۇزە ! نەدىكى يوق گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز . نىگار بىلەن مەن بىر يۇرتتىن ، ئۇنىڭ بىلەن شۇ ۋەجىدىنلا سالام ـ سائەت قىلىشىپ قويغىنىمغا كۆڭلىدە شىلكىڭىز كېلىۋاتامدۇ ؟
ـ ۋاي ئەخمەق ! قىزلار سىز ئۆچۈن كۆيۈپ كۈل بولۇۋاتسا ھېچنىمىدىن خەۋەرسىز يوقتەك گەپ قىلىسىزغۇ .

يىگىتلەرمۇ ئەزەلدىن تاش يۈرەك كىلىسلەر . قىزلاردا بار ھىسسىياتنىڭ ئون ئۈلۈشىنىڭ يېرىمى يوق سلەردە .

- بولدى ماھىرە ، ئەمدى ئىنگارغا يان بېسىپلا كەتتىڭىزغۇ ، ئىنگارمۇ ياخشى قىز ، لېكىن مۇھەببەت سەدىقە قىلغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەستە . مەن گۈزەللىكنىڭ

ھەقىقىي بىر پۇتۇن گەۋدە بولۇشنى ياخشى كۆرىمەن . سىزنىڭ قەلبىڭىزمۇ ، ھوسنىڭىزمۇ گۈزەل . شۇڭا پەقەت سىزلا مېنىڭ ھەقىقىي ئىگارىم . لېكىن بۇلار ئىگاردا يوق ....
ـ شۇ ئەمەسمۇ ، ئىگار ئىمىسىگە تايىنىپ سىزنى مەندىن تالىشىدۇ .
ئاھ ، خۇدا ! مېنىڭ قايسى

گۇناھلىرىم ئۆچۈن بۇ جازانى راۋا كۆردۈڭ .نىمە ئۈچۈن يۈرۈگۈمگە بۇ ئۇمۇدسىز سۆيگۈ ئۇرۇقنى تاشلىدىڭ ، مۇھەببەتنىڭ ھەققىي تەبىرى ھىجران ۋە ئازابمىدۇر ؟! ئاھ ، گاس ، پالەچ ،كور يارىتىلىپ قالسام نىمە بولاتتى . ئەگەر شۇنداق يارىتىلىپ قالغان بولسام ، بۇ مۇدھىش ماكانغا ئۇمۇرۋايەت قەدەم باسمىغان ،

چىرايىمنىڭ مۇھەببىتىمنىڭ دۈشمىنى
ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ بىلمىگەن ،
نەبىنىڭ ئۇ قىزنى باغرىغا بېسىپ
سۆيۈشىنى كۆرمىگەن بولاتتىم .
دۇنيادىكى ساراڭلار ئەڭ بەختلىك
ئادەم ئوخشايدۇ ، ئۇلار ھېچنېمە
ئۆچۈن كاللا قاتتۇرمايدۇ ، نىمە
قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىدۇ ،
يىغلىغۇسى كەلسە يىغلايدۇ ،

كۆلگۆسى كەلسە كۆلدۇ . بىراق
،نورمال ئادەملەرچۇ ؟ ئۇلار
يىغلىماي دىسمۇ ھايات ئۇلارنى
يىغلىتىدۇ . شۇنىڭغا قارىغاندا
ئىنرۋىسى ئاجىز كىشىلەرگە ئوخشاش
دۇنيادىن بىخەۋەر ياشاشمۇ بىر
ھىساپتا ياخشىكەن .
يۈرۈگۈم ئاچچىق ھەسرەتتىن
ئۆكسۈپ يىغلىماقتا ، مەڭزىمنى

نمىنىدۇر سۆيدى ، ئاغزىم قىرتاق
تەمدىن ئاچچىقلاشتى ، ئۇ نىمكىنە
؟! جانسىز قوللىرىمنى كۆتۈرۈپ
يۈزۈمنى سىلىدىم ، ياشكەنغۇ !
يىغلاپتىمەن ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم
ئاچچىق ـ ئاچچىق ئۆكسىمەكتە .
يارانتقۇچى ئىگەم باشقا
بەندىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىنى تۇپىراقتىن
يارىتىپ ، مىنىڭكىنىلا سۇ ،ياشتىن

بىنا قىلغانمىكىن ، قانچىلىك
ئۆلتۈرگىنىمنى بىلمەيمەن ، بىر چاغدا
يۆزۈمگە بىر نەرسە تېرىسلاپ
تەككەندەك قىلدى ، كۆزۈمنى تەستە
ئاچتىم . ئاي ئالىقاچان بۇلۇت
كەينىگە مۆككەن ، ئورمانلىق
قاراڭغۇلۇق قوينىغا شۇڭغۇپ ،
باغرىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى
يۇتۇپ كەتكەن ئىدى .

<<كۆيۈك ئوتىغا ئۆلمەيدۇ كىشى >>دىگىنى شۇمكىن . يامغۇر تېخىمۇ قاتتىق يېغىشقا باشلىدى . ھالسىز گەۋدەمنى تەستە كۆتۈرۈپ ، سەنتۈرلىگىنىمچە ياتاق بىناسىغا قاراپ ماڭدىم . ستولبىلاردىكى چىراقلار غۇۋا نۇر چېچىپ تۇراتتى . چاچلىرىم پىشانەمگە چاپلىشىپ ، ئېقىپ چۈشكەن يامغۇر سۇلىرى كۆز

ياشلىرىمغا قوشۇلۇپ مەڭزىمنى
يۇيماقتا . قولياغلىق ئىزدەپ
يانچۇقىمغا سېلىنغان قولۇمغا بىر
كىچىك ئەينەك ئۇرۇندى .
ئەينەكنى ئېلىپ غۇۋا چىراق
يورۇقىدا جانسىز كۆزلىرىم بىلەن
قارىدىم . ئەينەكتە يۇمۇلاق يۈز ،
شالاڭ سارغۇچ قاش ، نىپىز
لەۋ ...ئىشقىلىپ يوغانغىنا كەلگەن

چرايلىق قارا كۆزنى نەزەردىن
ساقىت قىلغاندا ، ئاددىيلا بىر چىراي
، ئاھ ... مەن ھەققەتەن
سەتكەنمەن ، سەتلا بىر قىز
ئىكەنمەن !
مەن ئۆزەمنىڭ سەتلىكىمنى بۆگۈنلا
ھىس قىلغۇاتاتتىم . ئىلگىرى
چىرايىمغا نەبىنىڭ سۆرەتلىرىگە
سىنچىلاپ قارىغانچىلىكمۇ

ئىنچكىلەپ سەپ ـ سىلىپ
باقماپتىمەن . بۇگۇنلا پەقەت
تاللاش ئالدىدا مەغلۇپ
بولغىنىمدىلا چىرايىمنىڭ ئوغۇللار
ئىنتىلىدىغان گۈزەل قىزلارنىڭ
ئوماق چىرايى ئالدىدا
قانچىلىك دەرىجىدە ئېتىبارسىز
ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىم ،
ئاللانىڭ بۇ تەڭسىزلىكىدىن

ئاچچىق تولغاندىم ، ئىھ ،
پەرۋەردىگار ! ئىنسانلارغا
بەرىدىغان گۈزەل نىمەتلىرىڭنى
ئادىل تەقسىم قىلماپسەنغۇ ، نىمە
ئۈچۈن ؟ زادى نىمە ئۈچۈن
؟! ئۈزەممۇ تۈيمايلا مۈھەببەت
تىلەمچىسىگە ئايلىنىپ قىلىۋاتاتتىم
، راست مەن كىمگە يىغلايمەن ؟
كىمگە يىلىنىۋاتىمەن ؟ نەبى

ئۆچۈنمۇ ؟ مۇھەببىتىڭنى ماڭا
بەرمىدىڭ دەپ ئۈنى
ئەيىبلەۋاتىمەنمۇ ؟ مەندىكى غۇرۇر
، ۋىجدان نەگە كەتتى ؟!
شۇ يامغۇرلۇق تۈندىن باشلاپ
،ھىجران ناخشىسىنى توۋلاپ
پۈتكەن ئاۋازىم ، رەھىمسىز سۆيگۈ
خەنجىرىدە يارىلانغان يۈرىكىم ،
ئۆمۈدسىز ۋىسال تەشنالىقىدا

ئۆكسگەن سۆيگۈم ...قانداقتۇر بىر
مۇڭلۇق كۈيىنى جاراڭلىتىشقا
باشلىدى . ئۇتلۇق مۇھەببىتىمگە
ئۇرۇلغان قاتتىق بىر تەستەكنىڭ
ئازابى بىلەن ھاقارەتلەنگەن قىزلىق
غۇرۇرۇمنى قايتىدىن تىكلەشكە بەل
باغلىدىم .لېكىن ساۋاقداشلىرىمنىڭ
ماڭا ھۆرمەت بىلەن تىكىلگەن
مېھرىبان كۆزلەر ئارىسىدىكى ئوت

چاقناپ تۇرغان بىر جۇپ كۆز مىنى
ھۇدۇقتۇراتتى . ئۇ ساۋاقداشىم
ئەنۋەر ئىدى ، ئۇ بەس
- مۇنازىرىلەردىكى زىرەكلىكى ،
ئىجادىيەتتىكى كۆزگە كۆرۈنگەن
نەتىجىلىرى بىلەن قەلبىمدە
ئوغۇللارغا نىسبەتەن قوزغالغان
نەپرەت ھېسلىرىمنى ئاستا - ئاستا
سۇسلاشتۇرماقتا ئىدى . بىراق ، مەن

نمشقدۇر ئۇنىڭ بىلەن يىقىنلىشىشتىن قورقاتتىم ، توغرىسىنى ئېيتقاندا ئوغۇللار بىلەن ئارلىشىشتىن ھەزەر ئەيلەيتتىم . ئەنۇەر بۇ غەلىتە خارەكتىرىمگە ئۇزلۇكسىز ھۇجۇم قىلىپ ،مىنى بىر قەدەم -بىر قەدەمدىن چىكىندۇرمەكتە ، ھالسىزلاندۇرماقتا ئىدى .

يەكشەنبە . ياتاقتا كىتاب ئوقۇپ
ئولتۇرىمەن ، ياتاقداشلىرىمنىڭ
ھەممىسى بازارغا چىقىپ كەتكەن ،
قەلبىمنى بولسا يەنە شۇ مۇدھىش
،قارغىش تەككۈر يالغۇزلۇق
قاپلىغان ...
تاك..تاك...تاك...
ئىشىك يىنىك چېكىلدى ، ئىشىكنى
ئاچتىم . ئەنۋەر كۆلۈمسىرگىنىچە بىر

ژۇرنالنى تۇتۇپ تۇراتتى .
ـ كىرسەم بولامدۇ ؟
ـ قېنى كىرىڭ .
ئەنۋەر ياتاقتا كىرىپ ژۇرنالنى ماڭا
ئۇزاتتى ۋە مۇندەرىجىنى
كۆرسىتىپ :
ـ نىگار ، ھېكايىڭىز ئېلان قىلىنىپتۇ .
<<ئۆكسىگەن
سۆيگۈ >>كۈلۈپتۇ ....ـدەپ چاقچاق

قىلدى .

ـ راستمۇ ؟ قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم ، يۈگۈرۈپ بېرىپ ژۇرنالنى قولۇمغا ئېلىپ ، مۇندەرىجىگە كۆز يۈگۈرتتۈم ، راستىكەن ! راستىنلا ھېكايەم ئېلان قىلىنىپتۇ . قاتتىق تەستەك يېگەن قىزلىق غورۇرىمدىن پۈتكەن ھېكايەم ئېلان قىلىنىپتۇ !

ژۇرنالنى باغرىمغا بېسىپ

يۈرۈگۈمدىن چىقىرىپ قاقاقلاپ
كۈلدۈم ، كۈلكە ئىتتىلىپ چىققان
يۈرۈگۈم تىنىمسىز تىپچەكلەپ
سەكرەيتتى . ئەنۋەر گويا مىنى
ئەمدىلا كۆرىۋاتقاندەك ،كۈلۈشنى
بىلمەيدىغان ھىسسىياتلىق ئىنسان
ئىكەنلىكىمگە ئەمدىلا
ئىشىنىۋاتقاندەك ھەيرانلىق بىلەن
كۈلۈپ قارايتتى . كۆزلىرىمدىن

نمسندۇر ئىزلىگەندەك تىكىلىپ قارايتتى . بىر ھازادىن كىيىن ئۇ ئاستا يىنىمغا كىلىپ ئوڭ قۇلىنى كۆتۈرۈپ ،مەڭزىمنى يىنىككىنە سىرۇتتى . نىمە بولغاندىمەن ؟ ئىتتىك كۆزۈمنى تۇتتۇم ، ئاھ ، ياشقۇ ! يەنە يىغلاپتىمەن ، نىمشقا يىغلىغاندىمەن ؟! ئەسلىدە خۇشال بۇلۇشۇم كىرەك ئىدى ، ياق ! مەن

خۇشاللىقتىن يىغلىدىم . مەن نىمدىگەن بوشاڭ ـ ھە ، يىغلاشقا ئارانلا تۇرىمەن ، ئەنۇەر ياش يۈقى كۆزلىرىمگە مىھرى بىلەن تىكىلدى . بۇ كۆزلەرنى باشقا بىرسىنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشىتىپ قالدىم ، كىمنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشىغان بولغىيتتى ، ئۇ ...ئۇ ...نەبىنىڭ كۆزلىرى! نىمدىگەن ئوتلۇق كۆز ،

نىمدىگەن مۇھەببەتلىك قاراش ،
ئاھ ، ئۇ كۆزلەر كۆزلىرىمنى
قۇچاقلاۋاتىدۇ . ئاھ ،
نەبى ...كۆزلىرىڭ ماڭا مەڭگۈ
تەئەللۇق ئەمەس ، ئاھ ، سۆيۈش
نەقەدەر لەززەتلىك سىزىم .
بەھۇشلانغان كۆرۈش سەزگۈلىرىم
چاقماق تېزلىكىدە ھەركەتكە
كەلدى . ئۇنىڭ ئىزتىراپلىق ئىنتۇرغۇچى

ئوتلۇق كۆزلىرىگە قاراشقا ماجالىم يەتمىدى . كارۋاتقا ئۆزەمنى ئېتىپ بۇقۇلداپ يىغلىدىم ، مۇھەببەت يەنە مىنى ساراڭ قىلغان ئىدى ، قانچىلىك يىغلىدىم بىلمەيمەن ...
ـ نىگار ، <<ئۆكسىگەن سۆيگۈ >>سىزنىڭ كۆز يېشىڭىزنى تېخمۇ ئۇلغايتتى ، دەردىڭىزنى قوزغاتتى ، شۇنداقمۇ ؟ مەن ئەسلىدە

ژۇرنالنى سىزگە كۆرسەتمىگەن
بولسام بوپتىكەن ،-ئەنۋەر
قۇلۇمدىكى ژۇرنالنى ئېلىپ ، پۇرلاپ
جوزىغا تاشلىۋەتتى .
مەن ژۇرنالنى ئېلىپ پۇرلاشقان
يەرلىرىنى بارماقلىرىمدا بېسىپ
تۈزلىدىم ۋە ئەنۋەرگە قاراپ
ھەسرەت بىلەن پىچىرلىدىم :
- ئۇنداق دېمەڭ ئەنۋەر ، غەلبەمنى

قوْتلوْقلىغان توْنجى كىشى سىز بولدىڭىز ، گەرچە كۆز يېشىم قۇرۇمىغان بولسىمۇ ، مەن قايتا تىكلەنگەن قىزلىق غۇرۇرۇمدىن پەخىرلىنىۋاتىمەن .

- نىگار ،سىزنىڭ كۆز يېشىڭىز نېمە دېگەن كۆپ ھە ! <<ئۇ>>ئەسلىدە سىز ئىكەنسىز دە!

ئەنۋەر ئەسرىمدىكى باش

قەھرىمان قىزنى دەۋاتاتتى . مەن سەل ئىككىلىنىپراق جاۋاب بەردىم :
ـ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۆزەمنى ئاقلىغىنىمۇ يوق ، يالغان گەپ قىلغۇمۇ يوق . <<ئۇ>>قىز مەن بۇلمەن ، ئەسەردىكى مىنىڭ سۆيگۈنۈم مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ ، ماتىماتىكا فاكۇلتىدا ، سىز ئۇنى تونۇيسىز .

ئەنۋەر كۆزلىرىنى كۆزۈمدىن
قاچۇردى ۋە بىر دەقىقىلىق سۈكۈتتىن
كېيىن جىمجىتلىقنى چېقىپ
كەتتى .ئۇنى سۇلغۇن نەزىرىم
بىلەن ئۇزىتىپ قالدىم ، ئۇ چېقىپ
كەتكەندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ يەنە
بىمەنە ئىش قىلغانلىقىمنى سەزدىم .
ئەسىرىم ئارقىلىق ھەممىگە
چۈشەندۈرۈپتىمەن ،

ساۋاقداشلىرىمنىڭ غەلىتىلىكىمنىڭ سىرىنى بىلىپ كەتىپتۇ .
چۈشتە ياتاقدىشىم رىزۋان ،
ئەنۇەرنىڭ بىر پارچە خېتىنى ئەكىرىپ بەردى . قانداقتۇر بىر قىزنىڭ بىلەن تېزلىكتە خەتكە كۆز يۈگۈرتتۈم .
نىگار :
مەن گەپنى تومتاقلا باشلاۋەرەي .

چۈنكى گىپىمنى دىيىشكە ئالدىراپ
كەتتىم ، مەن سىزنىڭ نىمە ئۈچۈن
تەنھا ياشاشقا ئامراقلىقىڭىزنى
چۈشەندىم . سىز سۆيگۈ ئالدىدا
يېڭىلدىم ، ھايات مىنى ئالدىدى
،دەپ رىئاللىققا نەپرەت بىلەن
قارىدىڭىز ، ھەممە گۈزەل
نەرسىلەرگە كۆز يۇمۇپ ،ئۇلارنى
ئۆزىڭىزدىن قاچۇردىڭىز .

<<ئۆكسگەن سۆيگۈ >>دىكى باش
پېرسۇناژ رەئىسە چىراي گۆزەللىكلا
ئەمەس ، قەلب گۆزەللىكىنىڭمۇ
نەقەدەر مۇھىملىقىنى تۇنۇپ يېتىپ ،
ھاياتقا قايتىدىن ئىشتىياق باغلايدۇ
ـ يۇ ، ئەملىيەتتە ئۇنىڭ ئەسلى
پېروتوپى رىئال ھاياتقا
ئىشەنچسىزلىك بىلەن تىكىلىپ
يۈرمەكتە . مەن سىزنى خېلى بۇرۇنلا

ھايات سەپەرىمنى بىللە بېسىشقا ،
ئىشەنچ بىلەن تاللىغان ،
خاتالاشماپتىمەن . ئەمما سىز
مەندىن قېچىپ يىراقلاشتىڭىز ، سىز
جاپالىق مېھنىتىڭىز ئارقىلىق ھەقىقىي
گۈزەللىكنىڭ قىممىتىنى ئاشۇردىڭىز .
سىزگە بولغان مۇھەببىتىم
ھەسسىلەپ كۆپەيدى ، سىزنى
ياخشى كۆرىمەن نىگار ، ياشلىق

ئاسمىنىدىكى چولپان يۇلتۇزى
بولۇشنى خالامسىز ؟
مۇھەببەتسىزلىك
ئىنتىزار :     ئەنۋەر .
خەتنى ئوقۇپ تىترىدىم ، كۆز
ياشلىرىم مۇھەببەتلىك قۇرلارنى
سۆيدى . سەل سۈزۈنچاق يۈزىدە
ھاياتقا ئىشەنچ تولۇپ تاشقان
مېھرى بىلەن قارايدىغان ئۆتكۈر

ساۋاقداشىم ئەنۋەرنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى ، شوخلۇق بىلەن مەندىكى ئاجايىپ گۈزەل ، ئەمما ئېيتىش تولىمۇ تەس ، قىيىن بولغان بىر لىرىكىنى بىللە ئېيتىشنى ئوتتۇنۇۋاتاتتى .
ئاچچىق كۈلدۈم ، تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرىگە ئۆكۈندۈم .مۇھەببەت ئاشۇنداق نەرسىكەن ، سەن

سۆيگەننى سۆيدۈرمەيدىكەن ،
باشقىلارنى سىنىك ئۇچۇن مەجنۇن
قىلىدىكەن ...
ئاھ ...ئەنۋەرنىڭ ئوتلۇق يۈرىكىگە
نىمە دەپ جاۋاب بىرەي ؟! بىر
ھەپتە بولدى ، ئەنۋەرنىڭ خېتىگە
تېخىچە جاۋاب بەرمىدىم .
سىنىپتا ئوتلۇق كۆزلىرىدىن ئۆزۈمنى
قاچۇرۇپ يۈرىمەن ، ئۇنىڭ

جەمغۇرلىقدىن ، ماڭا يەر ئاستىدىن
ئىسەنكىرەپ قاراشلىرىدىن
قەلبىمدىكى تەشۋىش ، ئەندىشە ۋە
كۆچلۈك مۇھەببەت گىرەلەشكەن
ئىزتىراپنى سىزىمەن . ئەمما ئۇتلۇق
سۆيگۈسگە بىرىدىغان جاۋابنى
ئۇيلىسامىلا تىترەيمەن . ئالقىنىمغا
تۇتقۇزغان لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان
يۈرەكنى يەرگە ئۇرۇشقا

چدىيالمايمەن .
يەنە شۇ شەنبە ، ياتاقداشلىرىم
بىلەن تانسىغا كەلدىم ، ئەنۋەر
تۇيۇقسىز مىنى تانسىغا تەكلىپ
قىلدى ، ئۇ قەلبىمدىكى ئورنىنى
دەگسەپ باقماقچى بولۇۋاتاتتى ،
ئازابلانسامۇ ئەنۋەرگە
كۆڭلۈمدىكىنى ئىنىق دىيىش
قارارىغا كەلدىم ، ۋاقت

ئۇزارغانسرى ئۇمۇ ، مەنمۇ ئازاب چىكەتتۇق .
غۇۋا يانغان چىراق تانسخانىغا رومانتىك تۈس بىرىپ تۇراتتى ، تانسا ئويناۋاتىمىز ، كۆزلىرىمىز پات - پات تۇقۇنۇشۇپ قالىدۇ ، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەيمەن ،ئەنۇەرنىڭ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدىن

كۆزۈمنى ئېلىپ قېچىپ ئەتراپىمغا
قارىۋالدىم ، يېنىمىزدىلا تانسا
ئوينىۋاتقان قىز ماڭا تۇنۇشتەكلا
بىلىندى ، كىمدۇ ئۇ ؟
هە ...ئۇ ...ھەيران قالدىم ،
قاڭشارلىق بۇرۇن ، تال ـ تال
كىرپىكلەر ، بۇلاقتەك كۆزلەر ،
ماھىرەگىلا تەئەللۇق ئىدى . ئۇ بىر
تۇتام چېچى كۆزلىرىگە چۈشۈۋالغان

، ئېگىز بوي بىر يىگىت بىلەن
چاپلىشىپ دېگۈدەك تانسا
ئويناۋاتاتتى . نەبى كەلمىگەنمىكىنە
؟ تووۋا ماھىرە ـ نەبىنىڭ گۈزەل
مەشۇقى بۇگۈن باشقا يىگىتلەرنىڭ
قوينىغا سىڭىپ كېتىپتىغۇ ، بىردىنلا
ماھىرەنىڭ يىگىتىنىڭ كۆچلۈك
بۇيۇنلىرىغا ئېسىلىپ تۇرغان نازۇك
بىلەكلىرى بىراۋ تەرىپىدىن سىلكىپ

چۈشۈرۈلدى . ماھىرە چېقىراپ كەتتى
، ئېگىز بوي يىگىت دەرھال رەقىبىگە
گۆلەيدى ، ماھىرەنى تارتقان
يىگىت مەستتەك قىلاتتى . مەست
يىگىت ئېگىز بوي يىگىتتىن
نەزىرىنى يۆتكەپ ماھىرەگە
مىختەك تىكىلگەندە ھەيران
بولغىنىمدىن ۋارقىرۇەتكىلى تاسلا
قالدىم ، بۇ مەست يىگىت نەبى

ئىدى .
توۋا ، خۇددى تەقدىر ئالدىنئالا
ئورۇنلاشتۇرغاندەك بۇ ئۇچرىشىش
شۇنداق تۇيۇقسىز
بولدىكى ...ھەيرانلىقىمدىن
ئارقامغا ئۇچۇپ كەتمەسكە
تىرىشاتتىم ، تانسىخانىدا بىر
مەيدان ئالا ـ تۇپىلاڭ بولۇش
ئالدىدا تۇراتتى . لىكىن نەبى

ماھرەنى تىللىمدى . سرتقا تارتىپ
مەن بىلەن ماڭمۇ دىمدى ، پەقەت
ئاچچىق ئازاب ، ئەلەم ، غەزەپ
كۆلەڭگىلىرى ئەگىپ يۈرگەن
كۆزلىرىدىن نەپرەت ئۇچقۇنى
چاچرىتىپ ماھرەگە مختەك
تىكىلدىدە ئارقىدىن قاقاقلاپ
كۈلگىنچە تانىسخانىدىن چىقىپ
كەتتى . ئىگىز بوي يىگىت

ماھىرەنىڭ قوُلدىن تارتقىنچە
ئىشككە قاراپ ماڭدى . كۆپچىلىك
گويا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك
يەنە تانسا ئويناشقا باشلىدى ، بۇ
ئىشلار گويا چۈشتەك بىر دەقىقە
ئىچىدىلا رەڭدار تۇمانلار ئارىسىدا
غايىب بولدى .
ـ نىگار نىمە بولدىڭىز ؟
ئەنۋەر ماڭا ھەسرەت بىلەن

تىكىلىپ تۇراتتى . ئۇ ھەممىنى
چۈشىنىپ بولغانىدى .
-ھېچنىمە بولمىدىم ، كىلىك تانسا
ئوينايلى ئەنۋەر ...قاراڭ ۋالىس
مۇزىكىسى ، ئەجەپ ياخشى
بولدى . ھا...ھا...ھا...
ئەنۋەر نىڭ قولىنى تۇتتۇم ، ۋىلىقلاپ
كۆلگىنىمچە كېيىنەكتەك پىرقىراشقا
باشلىدىم . ئەنۋەر كۆلكەمگە

ئاچچىق ئۇھ تارتىش بىلەن جاۋاپ
قايتۇردى ، بىراق مەن كۆلۈۋەردىم ،
مۇھەببەت شۇنداق
دۇنيا ...توختىماي كۆلۈۋاتىمەن .
ئۇنىڭ ئازابى ئۇچۇن ،
ھاياتىمدىكى تۇنجى سۆيۈملۈك
ئاشىغىمنىڭ مەغلۇبىيتى ئۈچۈن
غالىبلارچە قاقاقلاپ كۆلۈۋاتىمەن .
كۆلكەمنىڭ يەنە ئاچچىق يىغىغا

ئايلانماسلىقى ئۇچۇن مۇزىكا
تۇگىشىلا سىرتقا قاراپ ماڭدىم ،
ئەنۇەرمۇ ئارقامدىن ئەگەشتى .
يۇلتۇزلۇق ئاسمان ۋەھىمە بىلەن
قارىيپ تۇراتتى ، ياتاققا كەلگۈچە
گەپ قىلىشماي جىمجىت ماڭدۇق ،
ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە
ئۇنىڭغا <<خوش >>دەپ ياتاققا
قاراپ ماڭدىم ، شۇ تاپتا ئۇنىڭغا

كەلتۈرگەن ئازابلىرىم ئۆچۈن
خىجىل بولۇۋاتاتتىم . ئىشىك يېنىغا
بېرىپ ئارقامغا قارىدىم ، ئەنۋەر
يەنىلا جايىدا ھەيكەلدەك قېتىپ
تۇراتتى ، ئاستا ئارقامغا قايتىپ
ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدىم . ئۇ
<<نىگار>>دىگىنىچە مۇزلىغان
قوللىرىمنى تۇتتى . بىر دەققە
جىمجىتلىقتىن كېيىن ئىسىمگە كېلىپ

ئۇنىڭ قۇلنى ئاستا ئىتتىردىم .
ـ كەچۈر ئەنۋەر ، سۆيگۈگە
كۆتكىنىڭدەك جاۋاب بىرەلمىگىنىم
ئۈچۈن خىجىلمەن ، ـ دېدىم
ھەسرەتلىنىپ ، ـ سەن بەكمۇ ياخشى
يىگىت ، سىنى مەڭگۈ
ھۆرمەتلەيمەن ، ئەمما ھۆرمەتلەش
مۇھەببەت ئەمەس ، گۈزەللىكنى
باياقاش سىنىك ئارتۇقچىلىقىك ،

سنى چىن قەلبىمدىن سۆيەلىگەن
بولسام نىمە دىگەن ياخشى بۇلاتتى
، ئەپسۇس ...بەكمۇ كىچىكىپ
تۇنۇشتۇق ، مەن ئالالقاچان ئىيتىپ
بولغان مۇڭلۇق ناخشىلار ئەمدى
سىنىڭ يۈرۈكۈڭنى تىترىتەلمەيدۇ ،
ھازىر يۈرۈگۈم كۆل سۈيىدەك
دولقۇنسىز ، ئۆلگەن مۇھەببىتىمنىڭ
قارلىرى ئۇچقۇنداپ تۇرۇپتۇ.

مۇھەببەتسىز كۆڭۈلنى ساڭا بېرىپ
مۇھەببىتىڭگە ئاسىيلىق قىلغۇم يوق
، بەلكىم كەلگۈسىدە تۇنجى
مۇھەببىتىم ئۇنتۇلغاندا سېنى
ئەسلەپ قېلىشىم ، يۈرۈگۈمدىن
سۆيۈپ قېلىشىم مۇمكىن ، بۇنىڭغا
بەكمۇ ئۇزۇن ۋاقىت كېتەر ، شۇ
چاغلاردا سېنى ئىزدەپ بارغاندا
تېخىمۇ كىچىككەن بولارمەن ، بىراق

كچكش تەقدىرنىڭ
ئۆرۈنلاشتۇرىشى ئەنۋەر. خوش ،
سەن مەڭگۈ مىنىڭ يېقىن دوستۇم !
بىر نەچچە كۈن ناھايىتى تېزلا
ئۆتۈپ كەتتى . كۇتۇپخانىدا كىتاب
كۆرۈپ ئولتۇراتتىم .ناتونۇشلا بىر قىز
كىچىك بىر باغاقچىنى قۇلۇمغا
تۇتقۇزۇپ قويۇپ ، گەپمۇ قىلماي
چىقىپ كەتتى .ھەيرانلىق ئارلاشقان

كۆزلىرىمنى خەتكە تىكتىم :
نىگار ،كەچتە مەكتەپ باغچىسىنىڭ
ئارقىسىغا بارسىڭىز ، سىزگە
دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار ئىدى ،
سائەت 10 لاردا سىزنى ساقلايمەن .

ـــــــــــنەبى .
باغاقچى تۇتقان قوللىرىم تىترىدى ،

يۈرۈگۈم ئاغدى . ئەمدىلا ئەسلىگە
كەلگەن نېرۋىلىرىمدىن ۋاشىشدە
ئاچچىق بىر ئاغرىق ئۆتتۈپ كەتتى .
نەبى ، ئاھ نەبى ! سەن منى يەنە
پاراكەندە قىلماقچىمۇ ؟! سەن نىمە
دەپ منىڭ تىنچ كۆڭلۈمگە ھۇجۇم
قىلسەن ؟! سالغان شۇ ئازابلىرىڭ
يەتمەسمدى ؟! ...
كاللامدا ئۆتمۈش سايىلىرى ئەگىپ

يۈرەتتى . بېشىم پارتلاپ
كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ نېرۋا
تالالىرىم چاراسلاشقا باشلىدى .
قەتئىي چىقماسلىق قارارىغا
كەلدىم .نېمە دەپ چىققۇدەكمەن ،
ئۇ ماڭا ھاقارەتلەنگەن غۇرۇرۇمنى
قايتۇرۇپ بېرەلەيتتىمۇ ؟ ئۈمىدسىز
سۆيگۈ ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ
ئىزسىز يوقالغان ئاشۇ يىللارنى

**ياندۇرۇپ برەلەيتمۇ**
**؟براق...سائەت 10 بولاي**
**دىگەنسرى نىمگىدۇر ئولتۇرالماي**
**قالدىم .**
**ياق ! چۇقۇم بىرىشىم كىرەك ، قىنى**
**ئۇ ماڭا نىملەرنى دەيدىكىن ؟!...**
**ئەتراپ قاراڭغۇلىقتا ئايلاندى ،**
**بەلگىلەنگەن جايدا**
**ئۇچراشتۇق .قاراڭغۇدا ھىچقايسىمىز**

بىر ـ بىرىمىزنىڭ چىرايىنى ئېنىق
كۆرەلمەيتتۇق . نەبى مېنى
ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ،
ئىختىيارسىز بىر تۆرتكىنىڭ تەسرىدە
ئاستا قېشىغا بېرىپ ئولتۇردۇم.
لېكىن ئۇنىڭدىن ھېچ زۇۋان
چىقمايتتى . كۆتۈپ
تاقەتسىزلەندىم .
ـ قېنى گەپىڭىزنى دىمەمسىز ؟

،ـ ئاچچىق ئارلاش سوغۇققىنا
تەلەپپۇزدا ئۆنىڭدىن سورىدىم .
لېكىن يۇرۇگۇم جىغغىدە قىلىپ
قالدى ، ئۆنىڭغا قىلغان قاتتىقلىقىمغا
چىدىمايلا قالدىم . ئۇزۇن سۈكۈتتىن
كېيىن ئۆنىڭ يىغا ئارلاش تىترەك
ئاۋازى ئاڭلاندى :
ـ نىگار …مەن …مەن …
ئۇ گويا سۆزدىن قالغان سەكراتتىكى

بمارىدەك دەرھال گېپىنى توختاتتى .
ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچە مسكىن
ئىدى . تۇيۇقسىز ئۇ قۇلۇمنى كاپپىدە
تۇتتۇلىپ كۆزلىرىگە سۈرۈتتى .
ـ نىگار ، مەن سىزنى ياخشى
كۆرىمەن ! ياق ...گېپىمنى بۆلمەڭ .
ئۆتۈنۈپ قالاي ،
قوللىرىڭىزنى تارتىۋالماڭ،
<<ئۆكسگەن سۆيگۈ>>نامىلق

**ئەسرىگىز ماڭا سىزنى ھەم گۆزەللىكىڭىزنى تونۇتتى . ھەقىقىي گۆزەللىكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى .مەن ھەقىقىي مۆھەببەتنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشەنمىگەن ئىكەنمەن ، گۆزەللەرنى سۆيدۈم ، گۆزەللەرنىڭ ئىشقىدا سەۋدايى بولدۇم ، بىراق گۆزەللەرنىڭ ۋاپاسىزلىقى ماڭا**

ھاياتنى ، گۈزەللىكنىڭ نىمە
ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ...
مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ
ئۆزەممۇ بىلمەي قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىم
ھەم كىنايە قىلدىم .
ـ دىمەك مۇھەببەت گۈزەللەرگىلا
خاس ، ئاشۇ گۈزەللەرگىلا
مەنسۇپكەندە !
ـ نىگار توغرا دەيسىز ، مۇھەببەت

گۈزەللەرگىلا خاس ، بىراق كىشى
ھەقىقىي گۈزەللەرنى تۇلىمۇ
كىچىكىپ چۈشىنىدىكەن ، سىرتقى
قىياپىتى چىرايلىق نەرسىلەر بەزىدە
كاۋاك بولۇپ چىقىدىكەن ،
ھېچكىمنىڭ نەزىرىنى
تارتالمايدىغان ئادەتتىكى
نەرسىلەرنىڭ ئىچى ئېسىل
شەربەتلەر بىلەن تولغان بولىدىكەن

، بۇ ھەقىقەتنى ۋاقتىدا
بايقىيالمىسامىمۇ ئاخىرى چۈشىنىپ
يەتتىم . جېنىم ، نىگار ، سىزدىن
ئۆتۈنەي ، مەن سىزنى سۆيىمەن !
چىن قەلبىمدىن سۆيىمەن ،
مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلىدىك بولامدۇ ؟!
ئۇنىڭ باش ـ ئاخىرى يوقلا ئۆكسۈش
ئارا پىچىرلىغان قەلب سۆزلىرى
يۈرۈگۈمدە ئاللىقاچان كۆمۈلگەن

بىر ئۇچقۇننى پاللىدە ياندۇرۇۋەتتى .
<<مەن سىزنى سۆيىمەن ! >>
ئاھ ، نىمدىگەن تاتلىق سۆز ، مەن
مۇشۇ بىر جۈملە سۆزنى ئاڭلاشنى
قانچىلىك تەشنالىق بىلەن كۈتكەن
ئىدىم ،ھە!
دەرھال ھۇشۇمنى يىغدىم ، كاللامدا
ئاشۇ يامغۇرلۇق تۈنىنىڭ چاقماقلىرى
چاقنايتتى :

ئەنە نەبى ، ماھىرەنىڭ گىلاستەك
لەۋلىرىگە قىزغىن سۆيۈشلەرنى ئاتا
قىلماقتا ، مەن ئامراق ئوتلۇق
كۆزلەر ماھىرەگە مۇھەببەت نۇرىنى
تۆكمەكتە . نىمدىگەن
قورقۇنۇشلۇق ! بەرباد بولغان
سۆيگۈنىڭ قىنى ئىقىۋاتقان
تۇمۇرلىرىمدىكى ئەسەبىي قىزغان
قانلار ئاستا ـ ئاستا سوۋۇشقا

باشلىدى .
- نىگار ، مەن سىزنى سۆيىمەن !
ماڭا ئىشىنىڭ .
نەبى گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى ، ئۇ
ئۆكسۈاتاتتى . مۇھەببەت ، ھەي
مۇھەببەت . سەن نىمانچە يىغىغا
ئامراق ، سەن مەن ـمەن دىگەن
يىگىتلەرنىمۇ ياش تۆككۈزەلەيسەن .
ئاھ ، خۇدا ! مۇھەببەتنى ياراتىنىڭ

يۇ ، نىمە ئۈچۈن ۋىسالنى راۋا
قىلمىدىڭ ؟ يۈرۈگۈم ئېچىشتى ،
ئۆزى چىن قەلبىدىن ياخشى
كۆرگەن كىشىنىڭ پۇشايمانلىق كۆز
يېشىنى كۆرۈش نىمە دىگەن
ئازابلىق ،ھە ! ئەپسۇس ،
يۈرۈگۈمدە پەقەت تۈنجى
مۇھەببىتىمنىڭ ، ئاشۇ باشقىلار ئازغى
ـ ئازغىنا تەگمەي تەرىپلىشىدىغان

تۇنجى سۆيگۈنۈمنىڭ قەبرىسى مۇڭلىنىپ تۇراتتى . قۇلۇمنى ئاستاغىنا تارتىۋالدىم ۋە ھالسىزغىنا پىچىرلىدىم :
- نەبى ، بولدى قىل ئەمدى ! بەك كىچىكتىڭ . ۋاقىت مەن پەرەز قىلغاندىنمۇ بەك ئۆزىراپ كەتتى . ھاياتتا ئېرىشىدىغان بارلىق خۇشاللىقلىرىمنى سەندىن ئىزدىگەن

، سنى بارلقىم بىلەن سۆيگەنىدىم ،
ئەپسۇسكى سەن مىنى بەكمۇ ئۇزۇن
كۈتكۈزدۈڭ . ئەڭ دەھشەتلىكى ـ
مۇھەببىتىمنى ھاقارەتلىدىڭ .
سۆيگۈمنى رەھىمسىزلەرچە ۋەيران
قىلدىڭ ، مەن سۆيگەنىدە
سۆيەلمىدىڭ ، سەن سۆيگەنىدە
يۈرۈگۈم ئاللىبۇرۇن كۈيۈپ كۈلگە
ئايلاندى . مەن بەختىمنى

**مۇھەببەتتىن ئىزدىگەن ئىككەنمەن ، باشقا قىزلاردەك چىرايلىق بولمىغىنىمغا ھەسرەت چېكىپتىمەن . راست ، سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش ئاجايىپ بەخت . ئەمما ھەقىقىي ئادەملىكىڭنى ئىپادىلەش ، مېھنەت تەرىڭدىن گۈل ئېچىلدۇرۇشمۇ ئاجايىپ زور بەخت ئەمەسمۇ ؟! بىز قىزلاردىمۇ بىر يىتەرسىزلىك بار ،**

ئوغۇللار بىلەن باراۋەرلىكنى تەلەپ قىلمىزيۇ ، نەتىجە يارىتشتا ، ئەرلەر بىلەن باراۋەرلىك تالىششتا تىرىشمايمىز ، ئەگەر شۇ مۇھەببەتلىك كۆزلىرىمىزنى يەنىمۇ يۇقۇرراق تىكسەك ، مېھنەت باغچىسىدا تېخىمۇ يۇكسەك باراۋەرلىككە ، مۇھەببەتكە ئېرىشكەن بولاتتۇق . مەن شۇ

بەخت ئۈچۈن تىرىشۇاتىمەن ،
ئەمدى مىنى پاراكەندە قىلما !
ـ نىگار ، مىنى زادىلا
كەچۈرەلمەمسەن ؟ ماڭا بىر نۆۋەت
پۇرسەت بىرىشمۇ مۇمكىن ئەمەسمۇ
!؟
ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتىگە ،
يىلىنىش ئاھاڭى چىقىپ تۇرغان
سۆزلىرىگە كۆلگۈم كەلدى ، لىكىن

ئۆزەمنى تۇتتۇالدىم .
- ياق ، مۇمكىن ئەمەس نەبى ،
ئەمدى مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس ،
يۈرۈگۈمدە ساڭا بەرگۈدەكلا نەرسە
بولسا سەندىن ئايىماس ئىدىم .
قالمىدى ، ھېچ نەرسە قالمىدى .
ئۆلگەن مۇھەببىتىمنى تىرىلدۈرۈشكە
ئامالسىزمەن ، سەن دىگەنغۇ !
مۇھەببەت سەدىقە قىلغىلى

**بۇلدىغان نەرسە ئەمەس دەپ ...**
**مەن باشقىلارغا يالۋۇرغانلارغا ئۆچ !**
**ئۇلار ئۆزگىگە يالۋۇرۇپ ئۆزىنىڭ**
**قەدرىنى پەسلەشتۈرىدۇ . مىنىڭ**
**ساڭا بەرگۈدەك بىرلا نەرسەم بار . ئۇ**
**بولسىمۇ ، سىنىڭ مۇھەببەتتە چىن**
**ئەقدە باغلىغان باشقا بىر قىزنى**
**مەڭگۇ سۆيۈپ ، ئۇنى قەدىرلىشىڭنى**
**، ئۇمۇدسىزلىككە باش ئەگمەي**

قايتىدىن ھەقىقىي بەختنى
ئىزدىشكىنى تىلەشتىن ئىبارەت
ئاددىيلا تىلەك .
ئۇرۇندۇق
غىچىرلىدى ...ئورنۇمدىن تۇردۇم .
ئۇنىڭغا خوشمۇ دېمەستىن
غالىپلارچە يۇرۇپ كەتتىم .بىردىنلا
ئۆزەمنى يىنىكلەپ قالغاندەك ھىس
قىلدىم ، ئۇنىڭ ھەسرەتلىك

خۇرسىنىشلىرىدىن يىراقلاشتىم . تۇنجى سۆيگۈم ئۇچۇن ئاتالغان ئەڭ ئاخىرقى مەرسىيەم ھاۋا بوشلۇقىدا لەيلىدى :
- خەير-خوش بەرىباد بولغان تۇنجى مۇھەببەت . مەندەك بىر مەجنۇننى كەچۈر !

2009-يىل 2-فېۋرال ئاۋات .

**1-قىسمى تۈگىدى**